شانىياز كەپەل



# قۇياش قىزى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

شانىياز كەپەل

# قۇياش قىزى

( شېئىرلار توپلىمى )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

太阳的女儿：维吾尔文/夏尼亚孜·卡帕力著.—喀什：喀什维吾尔文出版社，2009.2
ISBN 978—7—5373—1748—1

Ⅰ.太… Ⅱ.夏… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第016113号

责任编辑：齐曼古丽·阿吾提
责任校对：坎拜尔古丽·吾斯曼

太阳的女儿

夏尼亚孜·卡帕力 著

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编：844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 4.125印张 2插页
2009年2月第1版 2009年2月第1次印刷
印数：1—3000 定价：10.00元

本集子选录了作者近年来所写的一部分诗歌。

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۇل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۇل ئوسمان

# قۇياش قىزى

ئاپتورى: شانىياز كەپەل

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 4.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2009 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1

ISBN 978—7—5373—1748—1
باھاسى: 10.00يۈەن



ئاپتورنڭ يېقنقى سۈرتى

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com



ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

بۈگۈنكى دەۋر تاجىك ئەدەبىياتى خۇددى ئېگىز يايلاقلاردىكى رەڭگا رەڭ گۈللەردەك ئۆزگىچە خۇش پۇراق چېچىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرماقتا.

شۇ شېئرىيەت گۈلزارلىقىدىكى خۇش پۇراق گۈللەرنى قەلەم ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ جۇلالىق ئېچىلدۇرۇپ ۋە جاپالىق پەرۋىش قىلىپ كېلىۋاتقان تالانتلىق مېھنەتكەش تاجىك شائىرى شانىياز كەپەل 1958- يىلى تاشقورغان ناھىيە بۇرۇمسال يېزىسىنىڭ ژۇراب كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز يۇرتىدا چىقىرىپ، 1973- يىلىدىن 1978- يىلىغىچە تاشقورغان ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1978- يىلىدىن 1983- يىلىغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

ئۇ باكالاۋرلىق ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، تاشقورغان ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ تا ھازىرغىچە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ئىلمىي مۇدىر قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلمەكتە.

شانىياز كەپەلنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1980- يىلىدىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 500 پارچىغا يېقىن نەزمىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ «سېغىندىم»، «قويچى مەن» «پارتىيەم»، «سالام يۇرتۇم» قاتارلىق شېئىرلىرى «خۇش ئامەدى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا،

«ۋەتەن ئۇمىدى — مېنىڭ ئۇمىدىم»، «رەسىم سىزىمەن»، «جەڭچى قەلبى»، «تاغ ئوغلانى»، «غۇنچىلار ئاۋازى»، «يەتتە زات دىللاردا هايات» قاتارلىق شېئىرلىرى «مۇزتاغ سۆيگۈسى» نامىلىق شېئىرلار توپلىمىغا، «بەختىيار خەلقىم»، «قەيسەر مالچى»، «ئىشچان قىزغا» قاتارلىق شېئىرلىرى «شىنجاڭ تاجىك ئەدىبلىرى» نامىلىق كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. «گۈزەل تاشقورغان»، «تاشقورغان دەرياسى»، «پامىر ئوغلىمەن»، «رەسىم سىزىمەن»، «مۇزتاغ خىسلىتى» قاتارلىق شېئىرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلى ۋە «تاجىك خەلق ناخشىلىرى» نامىلىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

شانىياز كەپەل هازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ، ئەسەرلىرىنى كۆپىنچە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا يازىدۇ. ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا يېزا تۇرمۇشى، تاجىك خەلقىنىڭ باتۇر - ئەمگەكچانلىقى، مېهماندوستلۇقى، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتى، تاشقورغاننىڭ گۈزەل تاغ - دەريا مەنزىرىلىرى ئاساسىي تېما قىلىنغان. ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، پىكرى ئىزچىل، چۈشىنىشلىك، شەكلى ئاددىي، مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك بولۇشتەك كۆپ تەرەپلىمە ئالاهىدىلىككە ئىگە. شانىياز كەپەلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى بارغانسېرى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، نۇرغۇنلىغان مول مەزمۇنلۇق ئەدەبىي ئىجادىيەت سەمەرەسىنى روياپقا چىقاردى. ئۇ تاجىك مىللىتىنىڭ پسىخىك ئالاهىدىلىكى، جەمئىيەت تەرەققىياتى، مەدەنىيەت - سەنئەت، دۇنياقارىشىنى، كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى ئۆزىنىڭ چىن، لىرىك هېسسىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇپ، ئىجادىيەت دۇلدۇلىنى جەمئىيەت بەيگىسىنىڭ هەر-

قايسى تەرەپلىرىدە توختىماي چاپتۇرۇپ، تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ يالقۇنلۇق نۇرى بىلەن نۇرلاندۇردى.

مەن ئۇمىدۋار شائىرىمىز شانىياز كەپەلىنىڭ ئەدەبىي ئىجا- دىيەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلەش يۇزىسىدىن ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى تاللاپ «قۇياش قىزى» دېگەن بۇ شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاشنى توغرا تاپتىم. ئى- شىنىمەنكى، بۇ شېئىرلار توپلىمى شانىياز كەپەلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ داغدام يول ئېچىپ بې- رىش بىلەن بىرگە، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى تاجىك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش، تاجىكلار ئولتۇراقلاشقان تاشقورغاننىڭ تەبىئىي گۈ- زەل مەنزىرىسىدىن يىراقتا تۇرۇپ ھۇزۇرلىنىشتەك ياخشى پۇر- سەتلەر بىلەن تەمىن ئەتكۈسى.

روزى گۈلباي

# مۇندەرىجە


تاجىك قىزى ........................ 1
بىر دەستە مەرۋۇي........................ 3
دىيارىم................................ 5
قەلب ئىزھارى.......................... 6
كېلىمەن.............................. 7
لەۋزىمنى ئاقلايمەن.. .................. 8
قوش يۈرەك ............................ 9
باھار جىلۋىسى ........................ 10
كەلدى شاۋگۈن ......................... 11
ياز ................................. 13
جەڭچى سۆيگۈسى ....................... 14
ۋەتەن ئىشقىدا ........................ 15
كۈلىمەن .............................. 16
قىزىم ۋە چېچەك ....................... 17
سالام يۇرتۇم.......................... 18
ئىشچى ناخشىسى ....................... 21
ۋەتىنىم .............................. 22
قويچىمەن ............................. 23
سېغىنىدىم ............................ 24
جەڭچى قەلبى .......................... 25
ئىجادكارغا ........................... 26
شائىرغا مۇھەببەت ..................... 28
باھار ................................ 29
بەختىيار خەلقىم ...................... 30

باھار شادلىقى ........ 31
كېپىنەك.................. 32
رەسىم سىزىمەن ........... 33
يۈرەك تامچىلىرى ......... 34
لەۋز قىل................. 35
بەزىلەر ................. 36
مېنىڭ جاۋابىم ........... 38
قەيسەر مالچى ............ 39
ئۇ شۇنداق جاپاكەش ....... 41
بۇگۈنكى كۈنۈمدە.......... 43
سۈتتەك ئاق .............. 44
**پامىر كۈيلىرى** (سىكىل).......... 45
گۈزەل تاشقورغان ......... 45
تاشقورغان دەرياسى ....... 46
يايلاقتىكى ناخشا ........ 46
ھۆسنىڭگە نۇر سېپەر ئالتۇن رەڭ قۇياش ........ 47
مەلىكە بۇلاق ............ 48
مۇقەددەس خىسلەت ......... 49
پامىر ئوغلىمەن .......... 50
پامىرغا مۇھەببەت ........ 51
قەلب كۈيى ............... 52
بالىلىق چاغلار........... 53
تەبىئەت شۇ قەدەر سېخىي ـ گۈزەلسەن .......... 60
يالغانچىلىق ـ پەسكەشلىك ......... 61
ئۆكۈنۈش.................. 62
قالار مەڭدىن يادنامە ........ 64



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

چۈچۈك تۇيغۇلار ........................ 66
يىگىرمە ياش ........................ 68
قۇياش قىزى ........................ 70
**مۇۋەششەھلەر** ........................ 71
جۇپ ئوغلانىم ........................ 71
يەتتە زات ........................ 73
**باغ ناخشىلىرى** ........................ 82
باغ ........................ 82
باغۋەن ........................ 83
كۆچەت ........................ 84
سەيلىگاھ ........................ 85
**ناخشا تېكىستلىرى** ........................ 87
سەن ئۆزۈك ........................ 87
سايرىتىپ راۋابىمنى ........................ 87
ۋەتەن قوينىدا ........................ 88
دەۋرىمىز گۈزەل ـ پارلاق ........................ 89
گۈزەل پامىر ........................ 90
تاغ ئوغلانى ........................ 91
گۈلسۈرەت ........................ 92
سالام سىزگە مۇئەللىم ........................ 93
گۈزەل ياشلىق ........................ 94
كۈيلەيمىز باھار ـ يازنى ........................ 94
قوبۇل ئەتكىن سالامىمنى ........................ 95
چوپان قىز ........................ 96
زەرەپشان ........................ 97
ئانا يۇرتۇم بۇرمىسال ........................ 98

ئاق چېچەك ........................... 99
**غۇنچىلار ئاۋازى** ........................... 100
مەكتەپ گۈزەل ........................... 100
كىتابنى مەن دوست تۇتتۇم ........................... 101
بۇلبۇل بولۇپ سايرىدىم ........................... 102
پەنگە يۈرۈش قىلايلى ........................... 103
كېلىڭ دوستلار ........................... 104
بىز ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى ........................... 105
مەكتەپ بېغىدا ........................... 108
رۇبائىيلار ........................... 111
تۇيۇقلار ........................... 119

# تاجىك قىزى

خۇشرۇي قىز ئىشقىڭدا يۈرىكىم ئاتەش،
قەلبىمنىڭ قېتىدىن تەسۋىرلەي سېنى.
ۋە لېكىن ئىقرارمەن قەلىمىم ئاجىز،
شۇڭلاشقا كەچۈرگىن گۈزەل قىز مېنى.

بېشىڭغا ياراشقان كۇلتاڭمۇ① گۈلدەك،
دىلىمغا زوق بەرگەن جۈپ كۆزۈڭ ئويناق.
قىپقىزىل ئاناردەك مەڭزىڭ، لەۋلىرىڭ،
پاك ئىشقىم سەن ئۈچۈن ماگمىدەك قايناق.

چىرايىڭ، ھۆسنىڭنى گۈزەل دېمەيمەن،
دېگىنىم پاك ۋىجدان، قەلبىڭمۇ گۈزەل.
بارىڭنى ئاتىدىڭ ۋەتەن - ئەل ئۈچۈن،
شۇڭا سەن ھەممىنىڭ تىلىدا غەزەل.

كۆكسىڭدىن چۈشمەيدۇ شان - شەرەپ گۈلى،
سەن دائىم ھەر ئىشتا ئالدىدا بولغاچ.

---

① كۇلتا ـ تاجىك خوتۇن - قىزلىرىنىڭ باش كىيىمى.

قىشمۇ ياز ئوخشاشلا تەر تۆكۈپ ئىشلەپ،
ئەمگەكنى ئۆزۈڭگە يېقىن يار تۇتقاچ.

ئۆرلىگىن كۈنسېرى يۈكسەك پەللىگە،
«ئىشچان قىز»شەرەپلىك نامىڭنى ساقلا.
تارتساڭمۇ مىڭ جاپا ۋەتەن ئىشقىدا،
كۆرەشتە دائىما بۇرچىڭنى ئاقلا.

ئاخىرقى ئۈمىدىم چېۋەر قىز سەندىن،
پاك دىلىڭ-قەلبىڭنى بەرگىن سەن ماڭا.
سەن ئۆزۈڭ ئەمگەكچان ھەم گۈزەل بولغاچ،
يۈرىكىم قېتىدىن كۆيدۈم مەن ساڭا.

مەنمۇ ھەم پەرھادتەك بىلىم شەيداسى،
تۇرىمەن كۆرەشتە قەتئىي تاقابىل.
بۇ يۈرەك سۆزۈمنى قوبۇل قىل جانان،
بىرگە شان قۇچۇشقا ئىشەنچىم كامىل.

## بىر دەستە مەرۋۈي

سۆيگىنىم ـ ئامرىقىم، گۈزەل يايلاقتىن،
ئەۋەتكەن سوۋغىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم.
ئەۋەتكەن سوۋغىسى ـــ بىر دەستە مەرۋۈي.
ئەزىزلەپ پۇرىدىم، قوينۇمغا سالدىم.

شۇ گۈزەل دىيارىم يايلاق قوينىدا،
تونۇشۇپ سىناشقاندۇق ئىككىمىز.
ئەمگەكتە كۈنسېرى قۇچۇپ شان ـ زەپەر،
شۇ چاغدا چىققان سۆيگۈ، ۋەدىمىز.

مەن كەتتىم مەكتەپكە ـ بىلىم يۇرتىغا،
يارىمنىڭ شەرتىنى يۈرەككە تۈگۈپ.
ئۇ قالدى يايلاقنىڭ بولۇپ بىر گۈلى،
ۋەتەننى، خەلقنى ئەڭ ئەلا بىلىپ.

ئېھ، يارنىڭ قەلبىنى چۈشەندىم قايتا،
مەقسىتى چارۋىدىن مول ھوسۇل ئېلىش.
يايلاقتا قىشۇ يار پەرۋىش قىپ مالنى،
ئىقبالنىڭ يولىغا مەھكەم ئۇل سېلىش.

بېغىشلاپ كۆچ ماڭا ئاشۇ مەرۋايىگۈل،
مەكتىپىم قوينىدا قۇچتۇم شان ـ زەپەر.
كېچىنى ئۇلاپ مەن، تىنماي ھەركۈنگە،
ئەجرىمدىن ئىجادىم ئاشتى شۇ قەدەر،

ۋەتەنگە ساپ تەردىن تۇتساق گۈلدەستە،
شەرەپىنىڭ گۈلىنى تاقايمىز شۇ چاغ.
يېتىمىز ئارزۇنىڭ ۋىسالىغا ھەم،
بەرگەن چىن ۋەدىنى ئاقلايمىز شۇ چاغ.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com